# قىيامەت

مۇھەممەد سالىھ ئەل ـ ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: مەستۇرە

# قىيامەت

# كۈنى

رەبۋەدىكى ئىسلامىي دەئۋەت ئىشخانىسى تۈزۈپ تارقاتقان.

# القيامة

## المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.......................................... 5
تەرجىمىھال.......................................... 7
مۇقەددىمە.......................................... 8
ئۆلۈم.......................................... 9
رەببىڭ كىم؟.......................................... 16
بەرزەخ.......................................... 22
جازانى يېنىكلىتىش.......................................... 27
قىيامەت كۈنىنىڭ بەلگىلىرى.......................................... 31

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىگە، ساھابىلىرىگە، شۇنداقلا تاكى قىيامەتكىچە ئۇ زاتقا ئەگىشىپ ماڭغان مۆئمىنلەرگە بولسۇن!

بىز ھەممىمىزنىڭبۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزنىڭ تۈگەللىنىشىگە، پەقەت ئاللاھنىڭلا ئۆلمەي مەڭگۈ تىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ * وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ

زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ [26]. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ [27] سۈرە راھمان

باقىيدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتىمىز باشلىنىشتىن بۇرۇن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇش ھەممىمىزگە نىسبەتەن زۆرۈر ئىش، شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراقتىنە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىمىز ھەققىدە بىلىپ قويۇشىمىز كېرەك.

قىيامەت كۈنى بولسا بارچە ئىنسانلار ئۇچرىشىدىغان، بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللە
رى ئۇچۇن بىرمۇ ـ بىر ھېساب بېرىدىغان ۋە مۇكاپاتلىنىدىغان كۈندۇر. ئۇ باشقا ھ
ېچقانداق كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان كۈندۇر. مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ئۇ
كۈن ھامان كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال بار: بىز ھەقىقەتەن مۇشۇ
كۈنگە تولۇق تەييارلىق قىلدۇقمۇ؟ بۇ كۈنگە دىققىتىمىزنى قويالىدۇقمۇ؟ ئۇ كۈنىن
ڭ بەلگىلىرى قانداق؟ ئۇ كۈن قاچان كېلىدۇ؟ ئۇ كۈن قانداق بولىدۇ؟

شەيخ مۇھەممەد ئىبن ئۇسەيمىن—ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن—بۇ كىتابتا
قىيامەت كۈنى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالانىڭ بىزنى توغرا يولدا تاكى قىيامەتكىچە مۇستەھكەم
قىلىشىنى سورايمىز. ئامىن!

# تەرجىمىھال

ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبن سالىھ ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئۇسەيمىن تەمىمى ئەنەجدى ھىجرەتنىڭ 1347 ـ يىلى، مىلادىيە 1926 ـ يىلى رامىزاننىڭ 27 ـ كۈنى قاسىم ۋىلايىتىنىڭ ئۇنەيزە شەھىرىدە كۆچلۈك ئېتىقادلىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ دىنىي دەرسلەرنى شەيخ ئابدۇراھمان ئەس ـ سەئدى، شەيخ مۇھەممەد ئەمىن ئەش ـ شىنقىتى ۋە شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبن باز قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملاردىن ئۆگەنگەن. ئۇ ئىسلامدىكى ھېچقايسى مەزھەپكە تەۋە بولمىغان بولۇپ، ھەرقانداق تالاش ـ تارتىش كۆچلۈك بولغان مەسىلىدىن ئۆزىنى تارتقان، قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئۇنىڭ فەتىۋالىرى پۈتۈنلەي قۇرئان ۋە سۈننەتكە تايانغان. ئۇ قاسىمدىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبن سەئۇد ئىسلامىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت فاكۇلتېتىدا شەرىئەت ئاساسلىرى دەرسى بەرگەن. ئۇ يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان چوڭ ئۆلىمالار كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ راك كېسىلىنىڭ ئازابىنى قاتتىق تارتقان. داۋالىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا ئاپىرىلغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قايتۇرۇپ كېلىنگەن ۋە 2001 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ

3 ـ كۈنى پادىشاھ فەيسال ئالاھىدە دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، شەۋۋالنىڭ 15 ـ كۈنى شۇ دوختۇرخانىدا قازا قىلغان. ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم قىلسۇن. ئامىن.

# مۇقەددىمە

ھەممىمىز ياشايمىز، ۋە ئۆلىمىز. ئۆلۈش بىلەنلا سوئال ـ سوراقلار باشلىنىدۇ. ئۆلۈم ۋە قەبرە قورقۇنچلۇقتۇر. لېكىن ھېچ شۈبھىسىزكى، قىيامەت ئۇلارغا قارىغاندا كۆپ دەھشەتتۇر. ئۇنداقتا ئۆلۈم بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقىدا نېمە بار؟

# ئۆلۈم

## ئەھمەد ئىبن روىستىن بولتىر

ھەربىر كىشى بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغىلا ئۇنىڭ ئۆلۈم ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بۇ قەدەر دەپ ئاتىلىدۇ. بىز مۇشۇ بېكىتىلگەن ۋاقىتتىن بىرەر دەقىقىمۇ ئارتۇق ياكى كەم ياشىيالمايمىز. مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۆلۈم پەرىشتىلىرى بىزنىڭ بەدەن قەپىسىمىزدىن روھىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئۆلۈم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆلۈمدىن كېيىنكى روھنىڭ سەپىرى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىسنى

سۇئاللىرى ھەققىدە ئىككى پەرىشتە ... 

سۇنماقچىمىز :
مۇئمىننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئاخىرلىشىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، يۈزلىرى قۇياشتەك يوپيورۇق پەرىشتىلەر جەننەتتىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. تاكى كۆز يەتكۈدەك يەرنى پەرىشتىلەر قاپلىۋالىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۇنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ، ۋە ئۇنىڭغا : ئى سالىھ روھ! ئاللاھنىڭ مەغفىرىتى ۋە رازىلىقىغا كەلگىن، دەيدۇ.

ئاندىن ئۇنىڭ روھى خۇددى سۇ يۈزىدىن تامغان بىر تامچە سۇدەك ئېقىپ چۈشىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۇنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇ پەرىشتە سىقىمداپ ھېرىپ قالغاندا، باشقا پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى ھەتتا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ دىققىتىدىن نېرى قىلمايدۇ.

ئاندىن ئۇنى ئىپار سېپىلگەن بىر قاپقا سېلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇددى يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان ئەڭ خۇش پۇراقلىق ئىپاردەك يېقىملىق پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ھەر بىر توپ پەرىشتىلەر ئۇلاردىن : « بۇ سالىھ روھ كىم؟» دەپ سورايدۇ. ئاندىن ئۇلار :« بۇ پالانى، پالانىنىڭ بالىسى» دەپ بۇ دۇنيادا ئادەملەر ئۇنى چاقىرىپ ئادەتلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئەڭ

ياخشىسى بىلەن ئاتاپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىشىك ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى ھەرقايسى ئاسمانلاردىن ئاللاھقا ھەمراھ بولۇپ يېتىپ كېلىشىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ ئېيتىدۇ:« بەندەمنىڭ ئەمەللىرىنى ئىللىيۇم① غا خاتىرىلەڭلار، ئاندىن ئۇنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار. ئۇلارنى تۇپراقتىن ياراتتىم، يەنە شۇ يەرگە قايتۇرىمەن. كېيىن يەنە شۇ يەردىن تىرىلدۈرىمەن.»

ئۇنىڭ روھى تېنىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

ـ ـ رەببىڭ كىم؟

ـ ـ مېنىڭ رەببىم ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا.

ـ ـ دىنىڭ نېمە؟

ـ ـ مېنىڭ دىنىم ئىسلام دىنى.

ـ ـ سىلەرگە كىم ئەۋەتىلدى؟

ـ ـ رەسۇلۇللاھ.

ـ ـ بۇلارنى قانداق بىلدىڭ؟

ـ ـ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدىم.

بۇ چاغدا يۇقىرى ئاسماندىن بىر ئاۋاز كېلىدۇ:« مېنىڭ بەندەم ھەقىقەتنى ئېيتتى، جەننەتنىڭ گىلەملىرىنى ئەچىقىپ يېيىڭلار، ۋە بىر جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بېرىڭلار.»

جەننەتنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى تاكى كۆز يەتكۈدەك يەرگىچە كېڭىيىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ، ۋە ئۇنىڭغا دەيدۇ:« سېنى خوشال قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن شاتلانغىن، بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.»

ئۇ سورايدۇ:« سىز كىم بولىسىز؟ سىزنىڭ يۈزىڭىز ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرىۋاتىدۇ.»

ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ:« مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭ.»

ئاندىن ئۇ دەيدۇ:« ئى رەببىم! قىيامەت كۈنىنى بالدۇرراق كېلىشكە نېسىپ قىلغىن! مەن تېزراق ئائىلەمدىكىلەر ۋە مۈلكلىرىم بىلەن ئۇچرىشاي.»

كافىرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئاخىرلىشىپ، باقىيدىكى

مەڭگۈلۈك ھاياتنى باشلاش ئالدىدا، پەرىشتىلەر يۈزلىرى قارايغان ھالدا، قولىغا ناھايىتى قوپال توقۇلغان يۇڭ تاغارنى ئېلىپ، يۇقارقى ئاسماندىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ، ئاندىن تاكى كۆز يەركۇدەك يەرگىچە ئۇنى قورشاپ تۇرۇشىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا :« ئى نىجىس روھ! ئاللاھنىڭ ئاچچىقى ۋە غەزىپىگە كەلگىن!» دەيدۇ.

ئۇنىڭ روھى بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ، ئاندىن خۇددى تىكەننى بەدەنگە سېلىپ تارتقاندەك، بەدەنىنىڭ ھەممە يېرىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. ئاندىن پەرىشتە ئۇنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ھېرىپ قالغاندا، باشقا پەرىشلەر تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى كۆزنى چىمچىقلاتقۇدەك ۋاقىتمۇ دىققىتىدىن نېرى قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇنى ھېلىقى يۇڭ تاغارغا سېلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن خۇددى چىرىگەن جەسەتنىڭ پۇرىقىدەك، يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان ئەڭ سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇچرىغان ھەر بىر توپ پەرىشتىلەر ئۇلاردىن سورايدۇ.:« بۇ نىجىس روھ كىم؟». ئۇلار بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئۇنى چاقىرىپ ئادەتلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئەڭ يامىنى بىلەن ئۇنى ئاتاپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ:« بۇ پالانى، پوكونىنىڭ بالىسى.» ئۇلار ئۇنى ئېلىپ، ئەڭ تۆۋەنكى جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشنى سورايدۇ، لېكىن ئۇ ئېچىلمايدۇ.

**بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى:**

{ لاَ تُفَتَّحُ لَهُمْ أَبْوَابُ السَّمَاء وَلاَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى يَلِجَ الْجَمَلُ فِي سَمِّ الْخِيَاطِ }

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز [40]. ئەئراف سۈرىسى.

**ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى سىججىنغا② يېزىڭلار!» ئاندىن ئۇنىڭ روھى تاشلىۋېتىلىدۇ.**

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:**

{ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ السَّمَاء فَتَخْطَفُهُ الطَّيْرُ أَوْ تَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ }

كىمكى اللہ قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار

ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ [31] {22 ـ سۈرە، ھەج سۈرىسى.}

**ئۇنىڭ روھى تېنىگە قايتىپ كېلىدۇ، ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ:**

**ـ ـ رەببىڭ كىم؟**

**ـ ـ ئاپلا! بىلمەيدىكەنمەن!**

**ـ ـ دىنىڭ نېمە؟**

**ـ ـ ئاپلا! بىلمەيدىكەنمەن!**

**ـ ـ سىلەرگە كىم ئەۋەتىلدى؟**

**ـ ـ ئاپلا! بىلمەيدىكەنمەن!!**

**بۇ چاغدا يۇقىرىدىن بىر ئاۋاز كېلىدۇ:« بەندەم يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ گىلەملىرىدىن بىرنى ئەچقىپ سېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئېچىڭلار!»**

**ئۇنىڭغا دوزاختىن ناھايىتى قىزىق ئوت پۈركۈلۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنچىلىك تارىيىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا يۈزلىرى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، تولىمۇ سېسىق پۇراق چىقىرىپ تۇرغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ۋە ئۇنىڭغا:« سېنى بىئارام قىلغان نەرسىلەر بىلەن قايغۇرغىن. بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر» دەيدۇ.**

ئۇ بۇ كىشىگە قاراپ:« سىز كىم بولىسىز؟ سىزنىڭ يۈزلىرىڭىز بىر يامانلىقتىن بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ.

ئۇ:« مەن سېنىڭ يامان ئەمەلىڭمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئاندىن ئۇ توۋلايدۇ:« ئى ئاللاھ! قىيامەت كۈنى ھەرگىز كەلمىسۇن!!»

بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. سەھىھ ھەدىس.

① ئىللىيۇم: سالىھ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەر.

②سىججىن: كافىر ۋە مۇنافىقلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەر.

# رەببىڭ كىم؟

ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا كىتابىدا ئۆزىنىڭ بويسۇنغۇچى مۆئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن:

﴿ يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ وَيُضِلُّ

﴿اللّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللّهُ مَا يَشَاءُ﴾

اللہ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اللہ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، اللہ خالىغىنىنى قىلىدۇ [27] سۈرە ئىبراھىم

يۇقارقى بابتا كەلتۈرۈلگەن قەبرىدىكى سوئال ـ سوراققا ئالاقىدار ھەدىس بولسا، كىشىلەر مېيىتنى قەبرىگە قويۇپ قايتقاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلاردۇر.

ئەھمەد ۋە ئەبۇ ھەتىم قاتارلىقلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

بىر بەندە قەبرىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەبرە بېشىدىن قايتقاندا، ئۇ بەندە ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇ بىر مۇئمىن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى باش تەرىپىدە، روزىسى ئوڭ تەرىپىدە، زاكىتى سول تەرىپىدە، باشقا ھەرخىل ياخشى ئەمەللىرى، سەدىقىسى ۋە باشقىلارغا قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى ئاياق تەرىپىدە تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭدىن سوئال سورايدۇ، ئۇنىڭ نامىزى :« سىلەرگە مەن تەرەپتىن كىرىش يوق» دەپ ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ.

ئۇلار ئوڭ تەرىپىدىن سوئال سورايدۇ، ئۇنىڭ روزىسى :« سىلەرگە مەن تەرەپتىن كىرىش يوق» دەپ ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ.

ئاندىن ئۇلار سول تەرەپتىن سوئال سورايدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ زاكىتى :« سىلەرگە مەن تەرەپتىن كىرىش يوق» دەپ ئۇلارنى

تۇسۇۋالىدۇ.

ئۇلار ئاياق تەرىپىدىن سوئال سورىماقچى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى :« سىلەرگە مەن تەرەپتىن كىرىش يوق» دەپ ئۇلارنى تۇسۇۋالىدۇ.

ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا :« ئورنۇڭدىن تۇر» دەيدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا قۇياش كۆرۈنىدۇ، ئاندىن قۇياش پېتىشقا باشلايدۇ.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن سورايدۇ :« سەن ئاراڭلاردىكى كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ كىشى ھەققىدە قانداق گۇۋاھلىق بېرىسەن؟»

ئۇ كىشى ئۇلارغا دەيدۇ :« مەن ناماز ئوقۇۋالاي، كېتىپ تۇرۇڭلار.»

ئۇلار دەيدۇ :« ناماز ئوقۇيسەن، لېكىن ئالدى بىلەن بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرگىن. سەن ئاراڭلاردىكى ئۇ كىشى توغرىسىدا نېمە ئويلايسەن؟ ئۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ئۇ ھەقتە قانداق گۇۋاھلىق بېرىسەن؟

ئۇ بەندە دەيدۇ :« گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىسىدۇر.»

ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلىدۇ :« سەن دېگىنىڭدەك ياشاپ دۇنيادىن ئۆتتۈڭ. ھەم سەن دېگەندەك ھېساب قىلىنىسەن، ئىنشائاللاھ»

بۇ چاغدا ئۇ بەندىنىڭ خۇرسەنلىكى ئاشىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى يەتمىش غۇلاچ كېڭەيتىپ بېرىلىدۇ ۋە يورۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ جېنى خۇشپۇراقلىق جەننەتنىڭ دەرەخلىرىدىن بىرىگە ئېسىلغان پانۇسقا سېلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: بۇ ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ بايانىدۇر.

يُثَبِّتُ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللّهُ مَا يَشَاءُ}

الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ [27] سۈرە ئىبراھىم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كافىرلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: « ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنچىلىك تارايتىلىدۇكى، ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ.»

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى}

كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» [124] سۈرە تاھا. 20:124

يەنە بىر ھەدىستە كافىرلارنىڭ قەبرىدىكى ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. قەتادە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

بىر كىشى قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن سورايدۇ: « مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟»

ئۇ كىشى دەيدۇ:« گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.»

ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىلىدۇ:« دوزاختىكى ئورنۇڭغا قارا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە ئالماشتۇرۇپ بەردى.»

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇپ قويدى:« ئۆلگەن كىشى ئۆزىنىڭ دوزاخ ۋە جەننەتتىكى كۆرىدۇ.»

ئەگەر ئۇ بىر كافىر ياكى مۇنافىق بولسا، ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

« مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟»

ئاندىن ئۇ كىشى دەيدۇ:« ئاپلا! بىلمەيمەن! لېكىن باشقىلارنىڭ ئۇ كىشى ھەققىدە دېيىشكەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم ۋە مەنمۇ شۇنداق دېدىم».

ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتىلىدۇ:« سەن بىلمىدىڭ ۋە بىلىدىغانلاردىن سوراشنىمۇ ئويلىمىدىڭ.»

بۇ چاغدا ئاسماندىن بىر توۋلىغان ئاۋاز كېلىدۇ:« ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كارىۋات ئېلىپ چىقىپ ئۇنى

ياتقۇزۇشلار. دوزاخنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىپ بېرىڭلار.»

ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىسىغا تۆمۈر بولقا بىلەن ئۇرۇلىدۇ، ئۇ قاتتىق يىغلايدۇ. ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئىنسانلاردىن باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاڭلايدۇ.

[سەھىھۇل بۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم، سۈنەن ئەبۇ داۋۇد]

ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئەبۇ ئابدۇللادىن قەبرە ئازابى توغرىلىق سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇلار سەھىھ ھەدىسلەر، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە تەستىق قىلىمىز. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى سەنەد بىلەن كەلگەن، ياخشى كىشىلەر رىۋايەت قىلغان نەرسىلەرنى تەستىق قىلىمىز. ئەگەر بىز بىر سۆزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى رەت قىلساق ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئىنكار قىلغان بولۇپ قالىمىز:

وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ

سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بەرگەننى ئېلىڭلار. [سۈرە ھەشر 59:7]

ئاندىن ئۇنىڭدىن سورىدىم: قەبرە ئازابى راستمۇ؟

ئۇ مۇنداق دېدى: شۇنداق، راست، كىشىلەرگە قەبرىلىرىدە ئازاب قىلىنىدۇ.

مەن ئەبۇ ئابدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىشىلەرگە

قەبرىلەردە ئازاب قىلىنىدىغانلىقىنى ئىشىنىمىز، مۇنكەر ۋە نەكىر (سوئال ـ سورىغۇچى ئىككى پەرىشتە) گە ئىشىنىمىز. مېيىتتىن چوقۇم قەبرىلەردە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

# بەرزەخ ①

گۇناھكار مۇسۇلمانلارغا قەبرىلەردە ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىر قانچىلىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئارىسىدا مەشھۇرراقى «كېچىلىك سەپەر»(ئەل ـ ئىسرا) توغرىسىدىكى ھەدىستۇر. بۇ ھەدىستە قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇنقى جازالارنىڭ تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

تۆۋەندىكى ھەدىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر چۈشى بولۇپ، بۇ ھەدىسنى سەمۇرا ئىبن جۇندۇب رىۋايەت قىلغان:

[پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن بىزدىن :« سىلەرنىڭ بىرەرىڭلار كېچە بىرەر چۈش كۆردۇڭلارمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر بىرەرىمىز چۈش كۆرسەك

كۆرگەن چۈشىمىزنى ئاڭلايتتى.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن « ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ» دەيتتى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ يەنە بىزدىن :« سىلەرنىڭ بىرەرىڭلار كېچە بىرەر چۈش كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. بىز «ياق» دەپ جاۋاب بەردۇق.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :« لېكىن بۈگۈن كېچە مەن ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، ① ئۇلار مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرى ياتقان ئىكەن، بىرى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ تاش بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى مىجىغىلى تۇرۇپتۇ، تاش دومىلاپ كەتسە بېرىپ ئۇنى ئەكىلىپ يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇۋەردى، ئۇ تاشنى ئېلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ياتقان كىشىنىڭ يۈزىدىكى جاراھەت ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى، ئاندىن ئۇ كىشى كېلىپ يەنە ئۇراتتى.

مەن يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىمدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.

ئۇلار :« ماڭايلى» دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز مېڭىپ بىر يەرگە كەلسەك يەنە بىر كىشى يەردە يېتىپتۇ، يەنە بىرى تۆمۈر ئىلمەكنى تۇتۇپ ئۇنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپتۇ، قاراپ تۇرساق ئۇ كىشى ئىلمەكنى يەردە ياتقان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن كىرگۈزۈپ گەدىنىدىن تارتىپ چىقاردى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ بۇرنىدىن ۋە كۆزىدىن تارتىپ چىقاردى. ئاندىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ بايا قىلغىنىغا ئوخشاش ئىشنى تەكرارلايتتى، ئۇ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ يۈزى ئەسلىگە كېلىپ بولاتتى، ئاندىن ئۇ يەنە داۋاملاشتۇراتتى.

مەن يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىمدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.
ئۇلار:« ماڭايلى» دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.

ئاندىن بىز مېڭىپ ئاستى كەڭرى، ئۈستى تار، چوڭ بىر تونۇرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە قىپيالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار بار ئىدى. ئۇلارنى ئاستىدىن ئوت ئۇرۇپ تۇراتتى، ھەرقېتىم ئوت كۆچەيگەندە ئۇلارنى تونۇرنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ قوياتتى، ئاندىن ئوت پەسلەپ ئۇلارنى يەنە تونۇرنىڭ ئىچىگە تاشلايتتى.
مەن يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىمدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.
ئۇلار:« ماڭايلى» دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.
بىز يەنە ئالدىمىزغا مېڭىپ بىر قان دەرياسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، دەريانىڭ ئىچىدە بىر كىشى تۇراتتى، دەريانىڭ قىنىدا بىر ئەركىشى بىر مۇنچە تاشلارنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى، دەريادىكى ئادەم دەريانىڭ چىقىپ كەتمەكچى بولاتتى، لېكىن قىرغاقتىكى ئادەم تاشنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېتىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن مىدىرلىيالماي قالاتتى، ئۇ ھەرقېتىم مىدىرلىماقچى بولغاندا قىرغاقتىكى ئادەم ئوخشاش ئىشنى تەكرارلايتتى.
مەن يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىمدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.
ئۇلار:« ماڭايلى، ماڭايلى!» دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.
بىز يەنە مېڭىپ ناھايىتى بىچارە ۋە كۆرۈمسىز بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق، ئۇنىڭدىن كۆرۈمسىز ئادەم بولماس! ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە ئوت بولۇپ، ئۇ كىشى شۇ ئوتنى چۆرىدەپ يۈگۈرەيتتى.
مەن يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىمدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.

ئۆلار:« ماڭايلى، ماڭايلى!» دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز داۋاملىق ئالدىمىزغا مېڭىپ، ناھايىتى چىرايلىق ياپيېشىل بىر باغچىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. باغچىدا باھاردا ئۇچرايدىغان ھەرخىل چىرايلىق رەڭلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويى ناھايىتى ئېگىز بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچىلىغان كىچىك باللار ئويناپ يۈرەتتى.

بۇ كىم، دەپ سورىدىم ھەمراھلىرىمدىن.

ئۆلار، ماڭايلى، ماڭايلى، دېدى. بىز يەنە يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز مېڭىپ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، ناھايىتى چوڭ بىر باغچىغا كەلدۇق. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان!! ئىككى ھەمراھىم ماڭا «ئۈستىگە، ئۈستىگە!» دېدى. بىز يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

بىز يۇقىرى ئۆرلەپ خىشلىرى كۈمۈشتىن بولغان بىر ئالتۇن شەھەرگە كەلدۇق ۋە ئىشىك باقاردىن ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، ئىشىك ئېچىلدى، بىز شەھەرگە كىردۇق. بۇ يەردە بىر تەرىپى ئىنتايىن قاملاشقان، يەنە بىر تەرىپى ناھايىتى كۆرۈمسىز ئەرلەر بار ئىدى.

يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىم ئۆلارنى سۇغا چۈشۈشكە بۇيرىدى، يان تەرەپتە شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بولۇپ، دەريانىڭ سۈيى خۇددى سۈتتەك ئاپئاق ئىدى. ئۆلار دەرياغا چۈشۈپ چۆمۈلۈشى بىلەنلا ئۆلارنىڭ سەت تەرىپى غايىب بولۇپ، بەدىنى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

يېنىمدىكى ئىككى ھەمراھىم ماڭا شۇنداق دېدى:«بۇ ئەدن جەننىتى، ئاۋۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ»، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۈستى تەرەپتە ئاق بۇلۇتقا

ئوخشايدىغان بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ.

مەن «بارىكاللا، مەن ئۇنىڭغا كىرىپ باقاي، رۇخسەت قىلىڭلار» دېدىم.

ئۇلار:« ياق، هازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، سەن تېخى دۇنيادىكى هاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولالمىدىڭ» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

مەن :« مەن بۈگۈن كەچتە كىشىنى تولىمۇ هەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىلەرنى كۆردۈم، مېنىڭ كۆرگەنلىرىم نېمە؟» دەپ سورىدىم.

«بىز ساڭا ئۇنى بىلدۈرىمىز» دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار،« سەن كۆرگەن بىرىنچى ئادەم، تاش بىلەن يۈزى مىجىلىۋاتقىنى قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئوقۇپ تۇرمىغان ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلمىغان، پەرز ناماز ۋاقتىدا ئۇخلىغان ئادەمدۇر. كۆز، ئېغىز، بۇرۇنلىرى ئىلمەك بىلەن كەينىگە تارتىلغان ئادەم بولسا ئەتىگەن ئۆيىدىن چىقىپ يالغاننى توقۇپ تارقاتقان ئادەمدۇر. سەن كۆرگەن يالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار بولسا زىناخورلاردۇر. قان دەرياسىدا تۇرغىنى جازانىخوردۇر. ياپيېشىل دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرغىنى ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام)، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باللار كىچىك چېغىدا قازا قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر.

بۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى شۇنى قوشۇپ قويدى: بۇ چاغدا بىرى رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) دىن سورىدى: ئۇنداقتا دىنسىزلارنىڭ باللىرىچۇ؟

رەسۇلۇللاھ جاۋاب قايتۇردى: دىنسىزلارنىڭ باللىرىمۇ.

سەن كۆرگەن ئوت(دوزاخ) نىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان، دوزاخقا ئوت يېقىۋاتقان كىشى دوزاخ مۇئەككىلى مالىكتۇر.

هەمراھلىرىم يەنە چۈشەندۈردى: سەن كۆرگەن يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى

سەت ئادەملەر بولسا ياخشى ئەمەلگە بۇزۇق ئەمەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغان ئادەملەردۇر.]

بۇ ھەدىس سەھىھۇلبۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان.

---

بەرزەخ: بۇ ئۆلۈمدىن قىيامەتكىچە بولغان قەبرىدىكى ۋاقىتتۇر.

ئەدن جەننىتى ـ ئابدۇللا ئىبن مەسئۇد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇنى جەننەتنىڭ مەركىزى دېگەن. قۇرتۇبى تەپسىرىگە قاراڭ.

ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بۇ ئىككى ھەمراھ جىبرىئىل ۋە مىكائىل دېيىلگەن.

# جازانى يېنىكلىتىش

يۇقىرىدىكى بابلاردا بىز قەبرىدىكى ئازابلاردىن بىر قانچە خىلنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇلارنى يېنىكلىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنىمۇ سۆزلەپ بەرمەكچىمىز.

بۇ توغرىلىق بىر ھەدىس بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

بىر كىشى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىن ئۈچ نەرسىدىن باشقا نەرسىلەر خاتىرىلەنمەيدۇ: داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقە، پايدا يەتكۈزىدىغان ئىلىم ۋە سالىھ پەرزەنتىنىڭ ئاتىسىغا قىلغان دۇئاسى» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

كىشى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇشى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئادەملەرگە ۋە ئۆزىنىڭ قەرزى بار ئادەملەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، شۇندىلا بىز بۇ دۇنيادىن پاك ـ پاكىز ھالەتتە كېتەلەيمىز. ئەگەر بىزگە گۇۋاھچى بولۇشقا مۇسۇلمانلارنى تاپالمىساق بۇنىڭغا كافىرلارنى گۇۋاھچى قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ ھەقتە ئاللاھ سۇبھانەۋ ۋە تائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

{ يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ حِينَ الْوَصِيَّةِ اثْنَانِ ذَوَا عَدْلٍ مِّنكُمْ أَوْ آخَرَانِ مِنْ غَيْرِكُمْ إِنْ أَنتُمْ ضَرَبْتُمْ فِي الأَرْضِ فَأَصَابَتْكُم مُّصِيبَةُ الْمَوْتِ تَحْبِسُونَهُمَا مِن بَعْدِ الصَّلاَةِ فَيُقْسِمَانِ بِاللّهِ إِنِ ارْتَبْتُمْ لاَ نَشْتَرِي بِهِ ثَمَناً وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى وَلاَ نَكْتُمُ شَهَادَةَ اللّهِ إِنَّا إِذاً لَّمِنَ الآثِمِينَ}

ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىركىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرىي دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: «بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.①

ئەگەر بىر كىشى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كېلىپ قالغان بولسا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرى چوقۇم «لائىلاھە ئىللەللاھ» بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز بىرەر مۇسۇلماننىڭ سەكراتتىكى ۋاقتىغا گۇۋاھچى بولسىڭىز ئۇنى ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشقا دەۋەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنى ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن توسۇپ قويماسلىقىڭىز، ئەگەر ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن باشقا سۆزلەرنى قىلسا يەنە ئۇنى ئىمان

كەلىمىسىنى ئېيتىشقا بۇيرىشىڭىز كېرەك. ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقۇچى چوقۇم ئۆزى ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا ئېيتىشى كېرەك. جېنى چىقىپ بولغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ قويۇش كېرەك.

بۇ يەردە مۇسۇلمانىنىڭ ئۆلۈم پەيتلىرىدە ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالانىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى توغرىسىدا بىر مىسال بار. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەبۇ زۇرئەھ ئەر-رازى بولۇپ مۇتتۇۋەر ھەدىس ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ھەقتە ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبن ئەلى ۋەررەق مۇنداق دەيدۇ:

ئەبۇ زۇرئەھنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بىز ئۇنىڭ بىلەن رىينىڭ كەنتلىرىدىن بىرى بولغان شاھرامدا ئىدۇق. ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ ھەتىم، ئىبن ۋاررىق ۋە ئىل-مۇنزىر ئىبنى شەزانلار بار ئىدى. ئۇلار «بىرىنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ لائىلەھە ئىللەللاھ، دېيىشنى ئەسكەرتىڭلار» دېگە ھەدىسنى ئېسىگە ئېلىشتى. لېكىن ئۇلار ئەبۇ زۇرئەھكە بۇ گەپنى دېيىشتىن خىجىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «بىز بىر ھەدىسنى ئەسلەپ كۆرەيلى» دېيىشتى. ئاندىن ئىب ۋەرراق ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسىنى ئېيتتى، «ئەبۇ ئاسىم ئابدۇلھەمىد ئىبن جەئفەردىن رىۋايەت قىلىپ، ئۇ سالىھ....» ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى:« ..ئىبن ئەبى....» ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆلەشكە پېتىنالمىدى. بۇ چاغدا ئەبۇ ھەتىم سۆزلىمەكچى بولدى:« بەندەر بىزگە ئابدۇلھەمىد ئىبن جەئفەردىن رىۋايەت قىلىپ، ئۇ سالىھتىن....» ئۇمۇ داۋامىنى دېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن جىمجىتلىققا چۆكۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەبۇ زۇرئەھ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ھەدىسنى تولۇقلىدى: « بەندەر بىزگە ئابدۇلھەمىد ئىبن جەئفەردىن رىۋايەت قىلىپ، ئۇ سالىھ ئىبن ئەبۇ غەرىبتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە رەسۇلەللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىمكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا لائىلەھە ئىللەللاھ، دەپ ئۆلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەن.» شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنى چىقتى. ئاللاھتىن ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلىشنى سورايمىز.

{سىيار ئەئلەم ئەل نۇبەلا 85-13/76 }

ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۇئمىنلەر ھەققىدە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴾

شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار.②

## دۇئا:

**ئى ئاللاھ! بىزنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن! بىزنى ئىسلامغا ئەقلىمىز بىلەن كىرگىلى نېسىپ قىلغىن! بىزنىڭ ئاخىرقى دۇئايىمىز بارلىق ھەمد ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!**

---

①سۈرە مائىدە 106 ـ ئايەت

②سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ئايەت

# قىيامەت كۈنىنىڭ بەلگىلىرى

شەيخ مۇھەممەد ئىبن سالىھ ئەل ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسما بىنت ئابدۇلئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

ئى ئادەملەر! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغىلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۆزەڭلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتىڭلارنى ئويلاڭلار، ھاياتىڭلارنى، ماماتىڭلارنى، ئۆتمۈشۈڭلارنى ۋە كەلگۈسۈڭلارنى ئويلاڭلار. بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلارنى ۋە كەلگۈسىگە دۇنياغا كېلىدىغان ئەۋلاتلارنىڭ دۇنيالىق ھاياتىنى ئويلاڭلار. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىدە ھەربىر كىشى ئىبرەت ئالىدىغان نۇرغۇن ھېكمەت بار. ئۇلار دۇنيانى گۈللەندۈرگەن، نۇرغۇن پۇل ـ ماللىرى، نۇرغۇن پەرزەنتلىرى بولغان، ئۇلار تېخىمۇ كۈچتۈڭگۈر بولغان، ۋە بىرلىكتە توپلىشىپ ياشىغان. مەلۇم ۋاقىت ياشىغاندىن ئۇلارمۇ كەتتى...خۇددى ھېچقاچان ياشاپ باقمىغاندەك. ئۇلار تارىخنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ قەدەملىرىگە ئەگىشىۋاتىسىلەر. ئوخشاش تەقدىر سىلەرنىمۇ كۈتۈپ تۇرىدۇ.

سىلەر بۇ دۇنيالىق ھاياتىڭلاردىن قەبرىدىكى قەسرىلىڭلارغا كۆچۈرۈلىسىلەر. ئۇ يەردە سىلەر يالغۇز تۇرىسىلەر، ئائىلە ۋە باشقا خوشاللىقلارنىڭ ھەممىسى قېلىپ پەقەت ئۆزەڭلارنىڭ ئەمەللىرىڭلار بىلەنلا قالىسىلەر...پەقەتلا. ئەگەر ئەمەللىرىڭلار ياخشى بولسا سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئەمەلىڭلار ياخشى بولمىسا سىلەر تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئازاب قىلىنىسىلەر.

سۇر چېلىنغان كۈنى، ئۆلگەنلەر قەبرىلىرىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ؛ ئۇلار ھەممىسى يالاڭئاياق، كىيىمسىز يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سۆزلىۋېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سورىدى:« ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنداقتا ئەر ـ ئاياللار بىللە تۇرسا بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ

قالامدۇ؟» رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋاب بەردى:« ئۇ كۈنى ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ.» ①

ئۇ كۈنى ئادەملەر شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىدۇكى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ، ئانا بالىسىنىڭ نەدىلىكىنى ئويلىمايدۇ، بالا ھەم دادام نەدە، دەپ سورىمايدۇ.

{فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءلُونَ }

سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سورىشىمايدۇ [101] (سۈرە مۇئمىنۇن، 23:101)

{يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ * يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُم بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ}

ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر [1]. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرۈسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [2] (سۈرە ھەج، 22:1 ـــ 2)

[ئۇ كۈندە] ئۇلار قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ، كۆزلىرى نومۇستىن يەرگە تىكىلىدۇ. ئۇلارنىڭ

بۇزۇقچىلىقلىرى ۋە ئەمەللىرى ئاپئاشكارابولۇپ كېتىدۇ. مۆئمىنلەرگە ئەمەللىرى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ، كافىرلارغا ئەمەللىرى سول تەرىپىدىن ياكى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. ئەمەلى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر ناھايىتى خوشاللىق بىلەن :« تېز كېلىپ مېنىڭ ئەمەل كىتابىمنى كۆرۈڭلار!» دەپ توۋلايدۇ. ئەمەلى سول تەرەپتىن بېرىلگەنلەر ئازاب ۋە پۇشايمان ئىلكىدە :« ماڭا ئەمەللىرىم بېرىلمىسىمۇ بوپتىكەن..» دېيىشىدۇ.

بۇ چاغدا تارازا تۇرغۇزۇلۇپ، ئادەملەرنىڭ ئەمەللىرى تارازىغا سېلىنىدۇ. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلگەنلەر بىر تەرەپكە، يامان ئەمەللىرى ئېغىر كەلگەنلەر بىر تەرەپكە ئايرىلىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

{ وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئاً وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ}

قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز [47]. (سۈرە ئەنبىيا، 21:47)

ئۇ كۈندە ئادەملەر دەلدەڭشىگىنىچە يۈرۈشىدۇ. ئۇ كۈندىكى قورقۇنچ ۋە ئازاب كىشى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئەمەستۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالاغا ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم سورىشىدۇ.

ئاندىن ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« مەن بۇنىڭغا قادىر ئەمەسمەن. سىلەر ئالدىنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار. »

ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا ئېيتىدۇ: «مەن دەل سىلەر ئىزدىگەن كىشى بولىمەن. »

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئىزنىنى سوراش ئۈچۈن بارىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە يىقىلىدۇ. ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا ئۇنىڭغا بۇرۇن ھېچكىم بىلمىگەن ھەمد ۋە زىكىرلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا ئۇنىڭ ئۆزى خالىغان ئورۇندا خالىغىنىچە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا ئۇنىڭغا دەيدۇ: « ئى مۇھەممەد، بېشىڭنى كۆتۈرگىن. سۆزلىگىن، سۆزلىرىڭ ئاڭلىنىدۇ. ئىزنى سورىغىن، ساڭا ئىزنى بېرىلىدۇ. »

ئۇ كۈنى ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىغا ھېساب ئالغىلى كېلىدۇ. ئۇ مۇئمىن بەندىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تاكى ئۇئىقرار قىلغۇچە ۋە تەۋبە قىلغۇچە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چەكسىز رەھمىتى بىلەن شۇنداق دەيدۇ:« مەن ھاياتىي دۇنيادا سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتتۇم. ئەمدى سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلىمەن. »

ئۇ كۈندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئۈممەتلىرى توپلىشىدىغان ۋە سۇيىدىغان ئىچىدىغان «خەۋدەل مەۋرۇد» بۇلىقى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاقراقتۇر، ھەسەلدىنمۇ تاتلىقراقتۇر، مۇشكى ـ ئەنبەردىن خۇشپۇراقتۇر، ئۇنىڭ ئۇزۇنىسىغا بىر ئايلىق، توغرىسىغا بىر ئايلىق

مۇساپىدۇر. ئۇنىڭ پىياللىرى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك يورۇق ۋە يالتىراقتۇر. ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىشكە پەقەت مۇئمىنلەر ئىچىدىكى سۈننەتكە ئەگەشكەنلەرلا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. ئۇنىڭدىن بىرىنچى قېتىم سۇ ئىچكۈچى مۇھاجىرلار ئىچىدىكى ئەڭ نامرات كىشىدۇر.

ئۇ كۈنى قۇياش ئادەملەرگە پەقەت بىر مىللا كېلىدىغان يەرگىچە چۈشىدۇ، ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا تەرلەيدۇ—بەزىلەر ئوشۇقىچە تەرلەيدۇ، بەزىلەر تىزىغىچە تەرلەيدۇ، بەزىلەر بېلىگىچە تەرلەيدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ تەرلىرىگە چۆكۈپلا كېتىدۇ.

ئاللاھۇ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە بولمايدىغان ئاشۇ كۈندە، ئاللاھۇ تائالا پەقەت ئۆزى خالىغان كىشىلەرنىلا سايىدىتىدۇ.

ئۇ كۈنى ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى ئادەم! ئەۋلاتلىرىڭ ئىچىدىكى دوزاخ ئەھلىنى ئېلىپ چىققىن!»

ئادەم ئەلەيھىسسالام سورايدۇ: «كىملەر دوزاخ ئەھلى؟»

ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ھەر مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى توققۇز يۈز توقسەن توققۇزى». بۇ كۈندە كىچىك بالىنىڭ چېچىمۇ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىدۇ.

سىرات كۆۋرۈكى كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئۇ چاچتىن ئىنچىكە، قىلىچتىن بىسلىقراقتۇر. ئىمان ۋە سىلە ـ رەھىم سىراتنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەمەلگە يارىشا ئۇنىڭدىن ئۆتىدۇ. بەزىلەر ئۇچقاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ. بەزىلەر تېز، بەزىلەر ئاستا ئۆتىدۇ.

**پەيغەمبىرىمىز سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇۋلايدۇ: « ئى رەببىم! ئۇلارنى ئامان قالدۇرغىن!»**

**سىراتنىڭ بىر ئۇچىدا قارماقلار بولۇپ، ئاللاھ بۇيرۇغانلارنى قارماپ ئالىدۇ. بەزىلەر قارماقتا ئازراق ئىلىنىشىپلا ئامان قالىدۇ. بەزىلەرنى قارماقلار ئىلىپ ئىلىپ دوزاخ ئوتىغا تاشلايدۇ.**

**ئۇ كۈنى ئادەملەر ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاختىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ.**

{ وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَتَفَرَّقُونَ * فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَهُمْ فِي رَوْضَةٍ يُحْبَرُونَ * وَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُوا وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا وَلِقَاءِ الْآخِرَةِ فَأُوْلَئِكَ فِي الْعَذَابِ مُحْضَرُونَ }

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ [14]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) ياىرىتىلىدۇ [15]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى مۇلاقاتنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ [16] (سۈرە رۇم 30:14ـ16)

**ئى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلەر! تەقۋا بولۇڭلار، ھەم ئاشۇ كۈنگە تەييارلىق قىلىڭلار، ھېچ شۈبھىسىزكى، ئۇ سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار بەلگىلىنىدىغان كۈندۇر. ئۇ كۈن مەيلى قانچە قورقۇنچلۇق ھەم جىددىي بولسۇن، تەقۋادارلارغا نىسبەتەن ئاساندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ سۇبھانۇ ۋە تائالا مۇنداق دەيدۇ:**

{ وَكَانَ يَوْماً عَلَى الْكَافِرِينَ عَسِيراً }

«بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر.» { سۈرە فۇرقان، 26ـئايەتنىڭ بىر قىسمى}

ئاللاھۇ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھۇ تائالانىڭ ھەتتا سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا نېمە ئويلاۋاتقىنىڭلاردىن تارتىپ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار.

## دۇئا:

ئاسمانلار ۋە زېمىننى ياراتقۇچى ئى ئاللاھ! غەيب ۋە ئاشكارىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئى ئاللاھ! بىزنى سېنىڭ ئىبادەتكە لايىق بىردىنبىر، مەڭگۈلۈك ئىلاھ ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىشكە نېسىپ قىل! سەن بالا تاپمايسەن ھەم تۇغۇلمىغانسەن، سېنىڭ تەڭدىشىڭ ياكى ئوخشىشىڭ يوقتۇر! سەن ھۆكۈمرانسەن، سەن پادىشاھسەن! سەن مەڭگۈ ھايات تۇرىسەن، مەڭگۈلۈك قوغدىغۇچىسەن! بىزنى قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىدىن ئەمىن قىلغىن! بىزنى ئۇ كۈندە سائادەتمەنلەر قاتارىدا قىلغىن! بىزنى تەقۋادار بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن! ئى، بارلىق مەخلۇقاتلارنى رىزىقلاندۇرۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ!

ـ ـ ـ تامام.

بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر!